# شەرقى تۈركىستان ئاۋازى







**4 - 6 Şubat Gulca olaylarında Çin askerlerinin gelişigüzel açtığı ateş sonucu şehit olan mücahitlerimizden bir kısmı görülüyor...**

# شەرقى تۈركىستان ئاۋازى

## ( پەسلىلىك ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت ژۇرنىلى )

تۈركىيە شەرقى تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

## مۇندەرىجە


شەرقى تۈركىستان ياردەمگە مۇھتاج ( باشماقالا )... 2

ئەتىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە نېفىت تۇربا يولىنىڭ

بىخەتەرلىگى .. داۋۇد ئىسمان (ئامرىكا)............ 3

شەرقى تۈركىستان ۋە كىللىرى ئەنقارادا ............ 8

ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرەشلىرى ( ئەنگىلىيە ) ............ 9

شەرقى تۈركىستان تارىخى ... م. بۇغرا............ 12

دۇنيا تۈركلىرى كاستامونۇدا ............ 25

تۈرك دۇنياسى ۋەكىللىرى ئىزمىردا ............ 26

قازاقىستان « ئازاتلىق » ھەرىكىتى باياناتى ............ 28

ئىستانبۇلدا تۈركولوگىيە كونگرەسى ............ 31

تۈرك دۇنياسى ياشلار 7 - قۇرۇلتىيى قىبرىستا

داغدۇغۇلۇق ئۆتكۈزۈلدى ............ 31

« شەرقى تۈركىستاننىڭ رىئاللىقى » - بۇرسادا

دوكلات يىغىنى ئېچىلدى ............ 32

« خىتاي - تۈركىستان خاتىرىلىرى » -

يېڭىدىن نەشىر قىلىندى ............ 32

« شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى تارىخى »

كىتاۋى چىقتى ............ 32



**1997 - يىل 53 - سان**

تۈزگۈچىسى: ئىيسا يۈسۈف ئالپتېكىن

ئىمتىياز ساھىبى: مەھمەت رىزا بەكىن

يېزىقچىلىق مۇدىرى: ھامىت گۆكتۈرك

مەسئۇل مۇھەررىر: دوچانت ئا . باقى

تەھرىر ھەيئەتلەر:

پروفېسسور دوكتور مەھمەت ساراي

دوكتور مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا.

پروفېسسور دوكتور ماھمۇت قاشقارلى

ھامىت گۆكتۈرك، پ . تەكىرتاغلى

دوچانت ئابدۇلھەكىم باقى ئىلتەبىر

ئادرىس: مىللەت جاددەسى كۆچۈك

ساراي ئاپارتمان 34270 — 3 - 26

يۈسۈپ پاشا . ئاقساراي. ئىستانبۇل

مۇشتەرى ھەققى : 600 مىڭ لىرا

يۇرت تىشى: 30 دوللار (45 مارك)

بانكا ھساپ : ئاق بانكا ئىستانبۇل

يۈسۈپ پاشا شۇبە DHM 601 - 832

ھەسرەت باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى.


ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ماقالىلار نىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس.

# شەرقىي تۈركىستان ياردەمگە مۇھتاج

مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ستراتېگىيە، خامئەشيا، تەبىئىي بايلىقى جەھەتلەردە دۇنيادا ساناقلىق دۆلەتلەر قاتارىدا تۇرۇشى، خىتاي دائىرىلىرىنى بۇ قىممەتلىك ئۈستۈنلۈكتىن ۋاز كېچەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى «خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» قىلىش خىيالىغا ئاساس سالدى. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە مۇسۇلمانلارنى توسالغۇ بىلگەن خىتايلار پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق شەكىلدە، بارلىق ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ بۇ دۆلەتنى خىتايلاشتۇرۇش، مىللىي ۋە دىنىي بارلىقنى يوق قىلىش ئۈچۈن باسقىي ۋە تېرورلۇق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. 1996 - يىلى 19 - مارتتىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 7 - نومۇرلۇق مۇتلەق مەخپىي ھۆججىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانلىق باستۇرىدىغان 10 ماددىلىق باسقىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جىنىي تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەپ بولدى.

4 - فېۋرال قانلىق ۋەقەدىن كېيىن، ھەممە يەردە «ئاللاھۇ ئەكبەر!» ساداسى بىلەن ئىنتىقام ئېلىش ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، ياردەمسىز خەلق قانلىق باستۇرۇلماقتا. مىڭلارچە مۇجاھىد ئۆلتۈرۈلدى، نەچچە مىڭ كىشى تۈرمىلەرگە سولاندى، 172 مۇجاھىد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، مىڭلارچە ياش ئوق ۋە تاياق دەستىدىن مەجرۇھ بولدى، 1600 كىشىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق، كوللېكتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىنماقتا. مەسچىتلەر تاقالماقتا.

ئاللاھ يولىدا، ئەزان ئاۋازىنى توختاتماسلىق ئۈچۈن ئەركىنلىك، ئازاتلىق مۇجادىلىسى قىلىۋاتقان 30 مىليون مۇسۇلمان تۈرك، ياۋرۇپا پارلامېنتوسى، ئامېرىكا، گوللاندىيە، دانىماركا، ئاۋىستىرالىيە، تۈركىيەلەرنىڭ نارازىلىقىدىن باشقا ھېچبىر مۇسۇلمان دۆلەتنىڭ ھېسداشلىق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى! بۇ خىتايلارغا كۈچ بەرمەكتە. بۈگۈن خەلقىمىز ياردەمگە مۇھتاج!

# ئەتىنىڭ سىياسەتلىرى
# ۋە
# نېفىت تۇربا يولىنىڭ بىخەتەرلىكى

ئامېرىكا گېيورگى تاۋىن ئۇنىۋېرسىتېتى دوتسېنتى داۋىد نىسمان

ئېنگلىزچىدىن مەھمەت كۆكيار تەرجىمىسى

خىتاي ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان شەرقى تۈركىستاندا مىڭلارچە يىلدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە 9 مىليون ئۇلتۇراق ئۇيغۇر ، بىر مىليوندىن كۆپرەك قازاق، يېرىم مىليونغا يېقىن قىرغىز ھەمدە سانى ئېنىق بولمىغان ( بەش مىليون ئەتراپىدا بولىشى مۇمكىن ) خىتايلار ياشايدۇ. بۇ زېمىندىكى خىتايلار 1950 - يىللاردىن باشلاپ يەرلىك مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش مەقسىدىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن خىتايلاردۇر.

1948 - يىلدىن 1978 - يىلىغا قەدەر خىتاينىڭ رېجىمىغا قارشى كۆپلىگەن قوزغىلاڭلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، خىتاي ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن « يەرلىك مىللەتچى » ۋە ياكى « ئىسلامچى » دەپ نام بېرىلگەن بۇ قوزغىلاڭلار بەختكە قارشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. بۈگۈن تەبرىكلىنىۋاتقان 40 يىللىق خاتىرە كۈن ، ئەمىلىيەتتە ئۇيغۇر ، قازاق ۋە قىرغىزلار تەرىپىدىن ھېچ بىر ۋاقىت خاتىرىلەنمەيدۇ. بۇ خاتىرە بايرىمىدىن ئىلگىرى ، يالغۇز خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىنلا ئەمەس، بۇ زېمىنغا خوشنا بولغان قازاقىستان، قىرغىزىستان ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىنمۇ، شەرقى تۈركىستاندىكى ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستاندىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلدى. تۇنجى ئاگاھلاندۇرۇش قىرغىزىستاندىن كەلدى. يانۋار ئېيىدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئالى تەپتىش مەھكىمىسى ،

قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەشكىلاتى بولغان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايدىن بۆلۈشنى مەقسەت قىلغان ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بىر دۆلەت بولۇشنى قوللايدىغان ھەر قانداق بىر پائالىيەتتىن ئىلىپ بارماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. تەپتىش مەھكىمە ئەمەلدارلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل ھەرىكەتلەر خىتاي ۋە قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە گۇمان پەيدا قىلىشى مۇمكىن .

ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىخەتەرلىك نازارىتى ئەمەلدارى لى دۇڭخۇي خىتاي ئاخبارات ئاگىنتلىقىغا مەلۇمات بىرىپ : دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان بۆلگىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۆزى باشچىلىق قىلىۋاتقان بۇ تەشكىلاتنىڭ خىتاينىڭ زىمىن پۈتۈنلۈكىگە تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقان بۇ ھىلە ـ مىكىرلەرنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىنى، ـ دېيىتتى. تا س س نىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ، 12 ـ سىنتەبىر كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرباشقانى نازاربايىۋ بىلەن خىتاي دۆلەت رەئىسى جياڭ زىمىن ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈشۈشتە، نازاربايىۋ ئالمائاتانىڭ قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە قازاقلار( يۈزمىڭلارچە ئۇيغۇر ۋە قازاقلار شەرقىي تۈركىستاندائىلىپ بېرىلغان ھەرخىل قوزغۇلاڭلاردىن كىيىن قازاقىستانغا قىچىپ چىققان) غا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان بىر مىليوندىن ئارتۇق قازاقلارنىڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان. خەۋەرگە قارىغاندا ، قازاقىستان ۋە خىتاي ھۆكۈمەتلىرى ئۆز تۇپراقلىرىدا ئۆز ـ ئارا مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قارشى ئورتاق بىر كىلىشىمگە كەلگەنلىكىنى، ئارىلىرىدىكى چىگرانى ئۆز ـ ئارا دوستلۇق ۋە بىخەتەرلىك چىگرالىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سۆھبەت جەريانىدا يەنە ، قازاقىستاننىڭ غەربىنى خىتاينىڭ شەرقىي دېڭىزقىرغاقلىرىغا باغلايدىغان نېفت تۇربا يوللىرىنى

ياساش ھەققىدىمۇ كېلىشىمگە كېلىشكەن. بۇ تۇرۇبا يولى شەرقى تۈركىستاندىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركمەنىستاننىڭ نېفىت ۋە گاز ياتاقلىرىنى خىتاينىڭ سېرىق دەرياسىغا تۇتاشتۇرىدىغان بۇ پىلانىمۇ شەرقى تۈركىستان بۆلگىسىدىكى تەرەققىياتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ تۇرۇبا يولى ئۆزبەكىستان، قازاقىستان ۋە شەرقى تۈركىستاندىن ئۆتىدۇ. بۇ 6000 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى تۇرۇبا يولىنىڭ كۆپ قىسمى چوقۇم شەرقى تۈركىستاننى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ تۇرۇبا يوللىرى ئاللىقاچان ياپونىيەنىڭ مىتسۇبىشى شىركىتى تەرىپىدىن مىليارلارچە دوللارلىق مالىيە مەبلىغى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، شۇ ئاندا بۇ پىلاننىڭ مۇمكىنچىلىك دەرىجىسى ۋە پىلانلاش جەريانلىرى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر داۋام قىلماقتا.

شەرقى تۈركىستاندا مىللى بىر قالايمىقانچىلىقنىڭ ھەرىكەت كۆچى ئېنىق ئوتتۇرىدا. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا بۇ خاتىرىلەش كۆنلىرىنىڭ ھارپىسىدا خىتاي، قازاق، قىرغىز ھۆكۈمەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش قىلمىغان بولاتتى. بۇ تۇرۇبا يولى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان گۇرۇپپىنىڭ ئالدىدىكى سوئال شۇنىڭدىن ئىبارەت: كەلگۈسىدىكى بۇ تۇرۇبا يوللىرى ئۈچۈن مەيدانغا كېلىدىغان ئېتنىك تەھدىتنىڭ ئەمىلىيەتچانلىقى قانچىلىك؟ بولۇپمۇ تۈركمەن ۋە ياپونىيە تۇرۇبا يولى ئۈچۈن ؟

بۇ خىل ئېتنىك تەھدىت ، ئازاربايجاننىڭ كاسپى دېڭىزىدىكى نېفىت بايلىقىنى تۇرۇبا يولى ئارقىلىق ياۋروپاغا توشۇش مەسىلىسىدە ، روسىيەنىڭ قارادېڭىزدىكى پورتى نوۋوروسسكى قارارگاھى ئارقىلىق توشۇش كېرەكمۇ ياكى تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى پورتى جەيھان ئارقىلىق توشۇش كېرەكمۇ دېگەن قارارگاھ رىقابىتىدە مانا مەن دەپ ئۆزىنى كۆرسەتتى. روسىيە نېفىت شىركىتى لوگوئىلنىڭ بىر ئەمەلدارى ، تۈركىيە قارارگاھىغا قارشى تۇرۇش سەۋەبى ئۈستىدە توختالغاندا ، نېفىت تۇرۇبا يولىنىڭ ياۋروپاغا توشۇلۇش لىنىيىسىنىڭ«كۆردىستان» دىن ئۆتىدىغانلىقىنى باھانە قىلدى ۋە روسىيە ھەم

تۈركىيەنىڭ كۇردىستان مەسىلىسىدە ھېچ بىر ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. ئۇ بۇ مەسىلىنى تەكىتلىگەندە، بۇ نېفت تۇربا يولىنىڭ لىنىيىسى كېسىپ ئۆتىدىغان، تۈركىيە تۈپرىقىدىكى كۇردىستان بولسۇن، ئىراندىكى كۇردىستان بولسۇن ھەر ئىككىسىنى ئۇرغۇلاپ كۆرسەتتى. ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا روسىيە پىلانىدىكى نېفت تۇربا يولى لىنىيىسىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئېتنىك قالايمىقانچىلىق داۋام قىلىۋاتقان چېچەنىستاندىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇنۇتقان ئىدى. كۇرت تەھدىتىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى پ ك ك يەنى كۇردىستان ئىشچىلار پارتىيىسى تۈركىيەنىڭ شەرقى ۋە شەرقى جەنۇبى قىسمىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، پ ك ك قازاقىستاندىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ستالىن زامانىدا كاۋكاسىيادىن سۈرگۈن قىلىنغان كۇردلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 150 ـ 200 مىڭدەك كىشى قازاقىستاننىڭ غەربىدىكى جامبۇل ۋىلايىتىگە يەنى تۈركمەنىستان ـ ياپونىيە تۇربا يولى لىنىيىسىنىڭ دەل ئۆتىشىدىغان نۇقتىلىرىغا يەرلەشكەن.

شەرقى تۈركىستاندىن ئۆتىدىغان تۇربا يولىنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە قانچىلىك پايدىسى بار ؟ يەرلىك خەلقنىڭ پايدىلىنىپ ـ پايدىلىنالماسلىقى بۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان دۆلەتلەردىكى مەركىزى ھۆكۈمەت ۋە بۇ لىنىيىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۇربا يولى لىنىيەسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىرسى خىتاي مىللى نېفت شىركىتى يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى. شۇنداقكەن، بۇ تۇربا يولى لىنىيىسىدىن ئېرىشىدىغان پايدىنىڭ بىۋاستە بېيجىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس. ھازىرچە بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈركىيە بىلەن پ ك ك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن بىخەتەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر ۋاقىت ئېتىلىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇش خورلىرى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، بۇ مۇنبىسۋەتلەر يەنىلا ناھايىتى نازۇك ۋە تۇراقسىز بولۇپ، خالىغان بىر پەيتتە يامانلاشمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتمۈشتە بۇ

يەردىكى قوزغىلاڭلارغا قارشى ھەر تۈرلۈك باسقۇنچى كۈچ قوللىنىشتىن ئىككىلەنمىگەن ئىدى ۋە بۈگۈنكى بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ يەنە شۇنداق باسقۇنچى ئۇسۇللارنى قوللانمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكىدەك ھېچ نەرسە يوق.

ئەگەر تۈربا لىنىيىسى كېڭىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ لىنىيە ئۆتىدىغان بۆلگىلەردىكى ئەتنىك تەھدىتلىرىگە قارشى ئەسكىرى كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە، بۇ ئەك ئاددىيسى، كېڭەش ئەزالىرى ئۆچۈن ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەردىكى بىر غالىبىيەت بولالمايلا قالماستىن بەلكى بۇ خىل تۈربا لىنىيىسى كىسىپ ئۆتىدىغان باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ مەنفىي تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاقلارغا قارشى يۈرگۈزگەن ھەر قانداق بىر زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى خوشنا دۆلەت قازاقىستانغا ھامان تارقىلىپ بولىدۇ ۋە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. نازاربايېۋ خىتايغا ھەر قانداق كاپالەت بەرسە بەرسۇن، قازاقىستاندىكى خەلق خىتايلار تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئەتنىك قېرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇر ۋە قازاقلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.

ئەگەر بېيجىڭ دائىرىلىرى ھەربى كۈچ قوللىنىدىغان بولسا ، قازاقىستاندىن ئۆتىدىغان بۇ تۈربا لىنىيىسىگە قارشى ئىنتىقام ئېلىش ھۇجۇملىرىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. بۇ تۈربىت يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قىلىشنىڭ باشقا بىر يولى، كېڭەش ئەزالىرىنىڭ چوقۇم يالغۇز شەرقى تۈركىستاندىكى يەرلىك خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى نېفىت لىنىيىسى كىسىپ ئۆتىدىغان باشقا دۆلەتلەردىكى خەلقلەر بىلەنمۇ بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلىش كېرەك. بۇ خىل ياخشى مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق تۈربا لىنىيىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى مەسىلىلىرىدە بىر تەھدىت نىشانى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئىشلارنىڭ يېقىن زاماندا بولۇپ ئۆتكەن تېپىك بىر مىسالى بار، بېرىتانىيە نېفىت شېركىتى ( ب پ ) ئازاربايجاننىڭ كاسپى دېڭىز نېفىتلىرىنى قىدىرىشتىن بۇرۇن شېركەتنىڭ خەلق

بىلەن مۇناسىۋەت بۆلۈمىدىكى خادىملىرى ب پ نىڭ ئازاربايجان خەلقى ئۈچۈن پايدا يەتكۈزگۈچى شىركەت ئىكەنلىگى ھەققىدە خەلققە ياخشى تەسىر بېرەلىگەن ، يەنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئازاربايجاننىڭ مەدەنىي - مائارىپ ساھەلىرىگە نۇرغۇن ئىقتىسات ئىئانە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن غەرپتىن كەلگەن بىر كاپىتالىست ئازاربايجاننىڭ مىللى بايلىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتىدۇ دىگەنگە ئوخشاش خاتا تامغا ئۇرۇلۇپ قىلىنىشتىن ساقلىنالىغان.

كېڭەش بۇ تۇربا لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، بۇ تۇربالارنى قانداق قوغداش ھەققىدە ئۇزۇن مۇددەت ئويلىنىشى كېرەك. بۇ نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر يولى ، تۇربا لىنىيىسى كىسىپ ئۆتىدىغان رايونلار ۋە بۇ رايونلاردىكى ئولتۇراق يەرلىك خەلقلەر ھەققىدە كۆپرەك ئۆگىنىش كېرەك. بۇ ئەھۋالدا بىلىم كۈچ بولالمىغىنى بىلەن بىخەتەرلىك بولالايدۇ.

## شەرقى تۈركىستان ۋە كىللىرى ئەنقارادا

شەرقى تۈركىستان ۋەقپى ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتى نامىدا گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشىلىك ھەيئەت 1997 - يىلى 18 - سىنتەبىر كۈنى ئەنقارادا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىنىستىرى ۋە ھۆكۈمەت باياناتچىسى ئاخەت ئەندىجان بىلەن كۆرۈشۈپ ، شەرقى تۈركىستانغا ئائىت مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ئۇچرۇشۇشتا، سىرىتتىن كىلىپ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان 70 مىڭدىن ئارتۇق تۈركلەر قاتارىدا 614 نەپەر شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ 5 يىللىق ئىقامەت قارارى قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈشۈلدى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرەشلىرى

( ئەنگىيە ئىمپاكت ئىنتېرناتسيونال ژورنىلى سىنتەبىر سانىدىن )

ئۆتكەن ئاپرىلدا خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەققانى كۆرەشلىرىنى قانلىق باستۇرغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار بارغانسىرى ئاشكارىلانماقتا. ۋەقە يۈز بەرگەن جاي - غۇلجىدىن قازاقىستانغا قېچىپ چىققان ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شاھىتلارنىڭ مۇخبىرلارغا سۆزلەپ بەرگىنىگە قارىغاندا شۇ چاغلاردا ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلار ۋەقەنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ( مەزكۈر ژورنالنىڭ مارت سانىغا قارالسۇن ) .

نۇرغۇن خەلقنىڭ قاتنىششى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بۇ قوراللىق قوزغىلاڭ، شەرقى تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ رايون قازاقىستان بىلەن چېگىداش بۆلگە بولغاچقا، خىتاي ھۆكۈمىتى بىخەتەرلىك كۈچلىرىنى ۋە قوراللىق ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ قانلىق باستۇرغان ئىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ سانى يۈزلەرچە دەپ تەلەپپۇز قىلىندى، ئەمما ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بولسا ، رەسمى ئاخبارات ئېلان قىلىپ ، شۇ ۋاقىتتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى 10 دەپ مەلۇم قىلغان بولسىمۇ ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ مەلۇماتىدىنمۇ يېنىۋېلىپ، يالغۇز 3 كىشىنىڭ ، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ، قالغان 27 كىشىنىڭ مۇددەتسىز قاماققا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈردى. شەرقى تۈركىستاننىڭ باش شەھرى ئۈرۈمچىدىمۇ بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىگى ۋە ئۆلۈملەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىگى بىلدۈرۈلدى.

خىتاي تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ، شەرقى تۈركىستاندا مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان « ئاللاھ پارتىيىسى » قاتارلىق بىر قانچە پارتىيەنىڭ بارلىقىنى

رەسمى ئىتىراپ قىلدى. شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىچىنىڭ تەركىۋىدە 37% خىتاي نوپوسىغا قارشى 47 % ئۈستۈنلۈكتىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان نوپوسى بار بولۇپ، ئۇلار 17 مىليوندىن كۆپرەك سانىنى ئىگەللەيدۇ. خىتايلار بولسا ، مەئبۇرىي يەرلەشتۈرۈش ۋە ئاققۇنلۇق ئۇسۇلى بىلەن 1950 - يىللاردىن باشلاپ بۆلگىنى تولدۇرماقتا. چۈنكى 1950 - يىللاردا بۆلگىدىكى خىتايلار نوپوسى 350 مىڭ بولۇپ ئاران 4 % نى ئىگەللەيتتى.

بۆلگىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارئىشقا ئورۇنلىشىش، ھەرخىل سىياسىي، ئىجتىمائى ھەق - ھوقوق جەھەتلەردە خىتايلارنىڭ مىللى ئايرىمچىلىقى ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۇيغۇرلارمۇ خىتاي مىللىتىگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلانغان بولۇپ، بىر ئائىلىدە پەقەت ئىككىدىن بالا يىتىشتۈرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا بۆلگۈنچى، ئەكسىلئىنقىلاپچى قالپاقلىرى بىلەن ھەرتۈرلۈك قىيىن - قىستاق ۋە جازالاش ئۇسۇللىرى بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ ئىچىنىشلىق پاجىئەلەرگە دۇچار قىلىندۇ. نەتىجىدە ، ئاپرىل ئايىنىڭ 5 - كۈنى ۋەزىيەت پارتلاش نۇقتىسىغا كەلدى. 30 دىن ئارتۇق ياشلارنىڭ رامىزان ئىپتارىنى ئىچىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانغانلىقىنى باھانە قىلغان خىتاي ساقچىلىرى ئۇلارنى نامايىشقا پىلان تۈزۈۋاتىدۇ دىگەن بوھتان بىلەن تۈرمىگە قاماپ قويىدۇ، بۇ خەۋەرپۈتۈن شەھەرگە تارقىلىشى بىلەن بۇ ۋەقە مەيدانغا كەلدى. ئارقىدىنلا ئابدۇرازاق ئىسىملىك بىرياش تۈرمىدىن تېخى يېڭى چىققان بولسىمۇ ، بۇ ۋەقەبىلەن ئالاقىسى بار دىگەن گۇمان بىلەن قايتىدىن تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ ياشنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ ئىچىنىشلىق ھالدا ھەقسىز جازالانغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ئارقىدىنلا ساقچىلار بۇ كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئابدۇرازاقنىڭ قېرىندىشى بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىككى ساقچىنى ئۆلتۈردى. ساقچىلار بۇنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈرمىدىكى ئابدۇرازاقنى ئۆلتۈردى. بۇ ھادىسىلەردىن غەزەپلەنگەن ئىككى ئاكا - ئۇكا ياش ئەتراپتا ئۆلتۈرىدىغان 4 نەپەر خىتاينى ئۆلتەردى. بۇ ۋەقەنى باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن

كۆپ ساندىكى خىتاي قۇراللىق ئەسكەرلىرى نۇرغۇن خەلقنى قىرىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى جامائەت ھالدا نامايىش قىلىپ: «خىتايلارنىڭ قولىدا ياشىمايمىز» دەپ شۇئار توۋلىدى. خىتاي ساقچىلىرى خەلق ئاممىسىنى باستۇرۇش ئۈچۈن زەھەرلىك گاز ۋە قۇرال كۈچى ئىشلەتتى. ۋەقەنى كۆرگەنلەرنىڭ بىلدۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۆلتۈرۈلگەن خەلقنىڭ سانى 300 دىن كۆپرەككە يەتكەن.

ۋەقە جەريانىدا قولغا ئېلىنغانلاردىن تەكرار خەۋەر ئېلىنالمايۋاتىدۇ. بەزىلىرى سوراق جەريانىدا خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قىيىن - قىستاقلىرىدا شېھىت بولدى. بەزىلىرى خىتايلارغا قارشى ئېلىپ بارغان نارازىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ قېرىنداشلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن خىتاي خەلقلىرىنى ئۆلتۈردى. ئالماتادىكى بىر ئۇيغۇر مۇخپىرغا ئەينەن مۇنداق دېدى: «ئۆلۈشكە رازىمىزكى بۇ كۆرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمىز».

ئۇيغۇرلار تۈرك تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسى مۇسۇلمان. بۇ خىل مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى بىر قانچە خىل سىياسى تەشكىلات تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپرەك مەلۇم بولغىنى «شەرقى تۈركىستان ئىنقىلاۋى بىرلىك سېپى» بولۇپ، قازاقىستانغا مەركەزلەشكەن. رەھبىرى يۈسۈف بەگ مۇخلىس 1949 - يىلى ماۋزېدوڭ تەرىپىدىن باستۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىدە ئىشلىگەن بىر تەجرىبىلىك تەشكىلاتچى. بۇ بىرلىكسەپنىڭ شەرقى تۈركىستان ۋە خىتايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، بۇنىڭ تەۋەلىگىدىكى گۇرۇپپىلاردىن «لوپنۇر يولۋىسى»، «ۋەتەن ئۈچقۇنلىرى» قاتارلىقلار بار. بۇ پائالىيەتچىلەر خىتاي تەرىپىدىن بۆلگۈنچى، كۈشكۈرتكۈچى دىگەن سۈپەتلەر بىلەن دىققەت قىلىنغان بولۇپ، تاغلاردا خىتاي ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش، پويىز يوللىرىنى پارتلىتىش، مىللى مۇناپىقلارنى جازالاش بىلەن تونۇلغان.

( مەھمەت كۆكيار تەرجىمىسى )

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

مەھەممەد ئىمىن بۇغرا

---

9 ـ پەسىل

## قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرى

---

### كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تىرىلىشى

(بېشى 52 ـ ساندا)

كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلىپ، چىن ئاسارىتىدە قالغان تۈركلەرگە بۇ ئاسارەت بەك ئېغىر كەلگەن. چىن ئىمپىراتورىدىن مەنسەپ ۋە سوغا ـ سالام ئالغان بەزى خائىن خانلار ۋە ئەمەلدارلار بۇ ۋەزىيەتتىن خوش بولسىمۇ، مىللەتپەرۋەر خەلق، چىندىن كەلگەن ھەرقانداق بىر نەرسىنى نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ قارشى چىقىپ ئۆز مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىگە قەتئىي سادىق ئىدىلەر. چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر زامان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ۋە پۇرسەت كەلگەن ھامان چىنلىقلارغە قارشى چىقىپ ئىستىقلاللىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگىنىچە تىرىشماقتا ئىدىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرك يۇرتلىرىدا ھەردائىم ئۇيەردە- بۇيەردە ئىسيانلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئاخىرى، تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ تۈركلەر چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى ۋە كۆكتۈرك دۆلىتى يېڭىباشتىن تىرىلدى.

### شەرقتە قۇتلۇق دۆلىتى

ھىجرى 60 ـ 125 (مىلادى 680 ـ 744)

ئۆرخون ئابىدىلىرىدىن، كۆلتېكىن

ۋە تونيۇقۇق ئابىدە» لىرىدە يېزىلغىنىغا
كۆرە، كۆكتۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن ئېلتېمىش بەگ
ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدار بار بولۇپ،
ئۇ كىشى ئۆتۈكەن شەھىرى ۋە
ئەتراپىدىكى تۈركلەرگە، چىن
ئىمپېراتورىغا تەۋە سۈپىتى بىلەن
ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئېلتېمىش بەگنىڭ
ئوغلى «ئىلتىرىش بەگ» (ئېلتەرىش) يېنىغا
17 كىشىلىك بىر قۇۋۋەت توپلاپ
ھىجرىنىڭ 60 - (مىلادى 680 -) يىلى
تۇيۇقسىز ئۆتۈكەن شەھىرىگە ھۇجۇم
قىلىپ شەھەردىكى چىنلىقلارنى تامامەن
يوقىتىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە
شۇ كۈنلا ئەتراپىغا توپلانغانلار 70 ئاتلىق
كىشىگە يەتتى. قىسقىغىنا بىر ۋاقىت
ئىچىدە 700 ئاتلىق ئەسكەرگە ئىگە
بولغان بۇ قەھرىمان چىنلىقلارغا قارشى
ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە پۈتۈن تۈرك
مىللىتىنى چىنگە قارشى ئىنقىلابقا
قاتنىشىشقا چاقىردى. بۇنىڭ بىلەن
شىمالىي موغۇلىستان (موڭغۇلىيە) دىكى
پۈتۈن تۈركلەر ئېلتەرىش بەگنىڭ
ئىستىقلال بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى

ئېلتەرىش بەگكە «ئىدات - شات» دېگەن
ئۇنۋانىنى بەردىلەر. (بۇ شاھزادىلارغا
بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان ئىدى)
مىلادى 682 - يىلى ئېلتەرىش بەگ
ئىدات شات، پۈتۈن موڭغۇلىيەدىكى
چىن ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ
تۈرك ئىستىقلالىنى ئېلان قىلدى.
مىللەت ئېلتەرىش بەگ
ئىداتشاتنى «قاغان» سايلىدى. چىن
تارىخلىرىغا قارىغاندا بۇ قاغاننىڭ
ئۇنۋانى «قوتلۇق» ئىكەن. بۇ مۇبارەك
پادىشا دېگەنلىكتۇر. لېكىن، ئورخۇن
مەڭگۈتاشقا يېزىلغان خەتلەردە بۇ
ئۇنۋان زىكىرقىلىنماي، ئىسمى ئېلتەرىش
قاغان ۋە دۆلىتى، تۈرك دۆلىتى دەپ
يېزىلغان. مانا شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي
كۆكتۈرك دۆلىتى قايتا تىرىلگەن
بولدى. ئېلتەرىش قاغان (قۇتلۇق قاغان)
ھىجرىنىڭ 72 - يىلى (691 -) يىلى
ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئىنىسى «قاپاغان
خان» قاغانلىق تەختىگە چىقتى. چىن
تارىخچىلىرى بۇقاغاننىڭ ئىسمىنى
بوگۇچۇر دەپ يازىدۇ. قاپاغان قاغان
شەرقتە مۇھىم غەلىبىلەرنى

قولغا كەلتۈرۈپ، مانجۇرىيە ۋە كورىيىنى ئىشغال قىلدى.(10 خەرىتىگە قاراڭ)

## غەربىدە تۈركەش دۆلىتى

هىجرى 71 ـ 122 (مىلادى 690 ـ 739)

چىنلىقلارنىڭ بوزۇپ «تۈكىشى» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان تۈركەش دۆلىتى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا كۆكتۈرك ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان 10 چوڭ قەبىلىدىن بىرى ئىدى. تۈركەشلەر مىلادىنىڭ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇبۇل ۋە ئېرتىش دەريالىرى بويىدىكى يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئىدى. كېيىنچە، ئۇيەردىن كۆچۈپ ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىگە يەرلەشتى(11 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، بۇ 10 قەبىلە ئۆز ئارىسىدا داۋاملىق تىركىشىپ ـ توقۇنۇشۇپ تۇراتتى نەتىجىدە چىنلىقلارنىڭ بۇ جايلاردىكى ئىستىلاسى كۆپۈنچە قىسقا سۈرەتتى. ئاخىرى، تۈركەش قەبىلىسىدىن «ئۈچ ئالا» (ئۈچجىلا) ئىسىملىك، ئۇنۋانى «باغاتارقان» بولغان خانى بارغانسىرى كۈچلىنىپ ئەتراپىدا چوڭ بىر نۇپۇز (تەسىردائىرە) قولغا كەلتۈردى ۋە ھىجرى 71 ـ (مىلادى 690 ـ) يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن 10 قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى باشلىدى. «چىن ئىمپېراتورىنىڭ ياردەمچىسى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن غەربتىكى تۈركلەرگە ھۆكۈمدار بولغان، قوشالۇ (كۈلچۇرۇ) (بۇنى چىن تارىخلىرىدا ئاشناھىن ياكى ئاشنا دەپ ئاتايدۇ) نى مەغلۇب قىلىپ چىنگە قوغلىۋەتتى.

ئۈجژلا باغاتارقاننىڭ پايتەختى ئىككى يەردە بولۇپ بىرى 5 قەبىلىنىڭ مەركىزى بولغان توقماق شەھىرى، يەنە بىرى ئىلىنىڭ شىمالىدىكى يەتتەسۇ ئىدى. بۇ سۈرەت بىلەن ئۈجژلا باغاتارقان غەربىدە ئىنجە دەرياسى، جەنۇبىدا تەڭرىتاغلىرى، شەرقتە بارىكۆل، شىمالدا قىرغىز يايلاقلىرى ئارىسىدىكى كەڭ زېمىندە بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنى تىرىلدۈردى. بۇچاغلاردا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەردىن قوجۇ، روران (لولەن)، كىنگىت، كۇچا

ۋە ئۈچ قاتارلىق جايلار چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن بولسا تىبەتلىكلەرنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا بولۇپ پەرغانە ۋە سوغد خانلىقلىرى چىنگە سېلىق تۆلەپ ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ياشىماقتا ئىدى. (11 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

ئۇجىرلا باغاتارقان، جەنۇبىدىكى بۇ تۈرك يۇرتلىرىدىن ئالدى بىلەن چىن ۋە ئۇنىدىن كېيىن تىبەت ئىستىلاسىنى يوقىتىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بارلىق جايلارنى بىر تۈرك بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەد قىلغان بىر سىياسى پىلان تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلان بويىچە ئالدى بىلەن غەربىدىكى ئىسلام ئەسكەرلىرى ۋە جەنۇبىدىكى تىبەتلىكلەربىلەن بىرلىشىپ چىنلىقلار نى پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقارماق، ئۇنىدىن كېيىن ئەرەبلەرنى تۈرك يۇرتىدىن ئۆزاقلاشتۇرماقنى كۆزدە تۇتتى.

باغاتارقان بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ تىرىشىپ، نەتىجىدە ئىسلام ئەسكەرلىرى ۋە تىبەتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ چىنگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. لېكىن بۇ غەيرەت ۋە كۈچ بىرلىكى بىلەنمۇ ئۇچاغدىكى چىنىنىڭ زور كۈچىنى يېڭەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۈچ كۈچ ئۇتتۇرىسىدا قالغان چىن ئۆز تەۋەسىنى ئاران قوغداپ تۈركەش، ئەرەب ۋە تىبەتلىكلەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

## قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ۋە تۈركىستاننىڭ چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركەش دۆلىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، غەربىدىن ئەرەب ـ ئىسلام ئەسكەرلىرى، شەرقتىن چىنلار ۋە جەنۇبىدىن تىبەتلىكلەرنىڭ داۋاملىق تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈرك يۇرتلىرىدىكى ئېلتەرىش قاغاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان قاپاغانقاغان، تۈركەش ۋە باشقا غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان پۈتۈن تۈركلەرنى قول ئاستىغا ئېلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئاخىرى ھىجرىنىڭ

79- (ملادى699 -) يىلى قاپاغان قاغان تۈركەش دۆلىتىنى بېسىۋالدى ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئۆز بايرىقى ئاستىغا يىغىپ قەدىمكى تۈرك دۆلىتىگە ئوخشاش بىر دۆلەت شەكلى بىلەن ھاكىمىيەت باشلىدى. غەربىي تۈرك خانلىرىغا ئوغلىنى (يابغۇ) قىلىپ تەيىنلىدى. ئۈجزلاباغاتارقان، قاپاغان قاغاننىڭ ئالى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، بويسۇنۇپ ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

(10 - خەرىتىگە قاراڭ)

بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن (ملادى 698 - يىلى) قاپاغان قاغان چىنگە ھۇجۇم قىلىپ پىچلى(چىلى) ۋە شەنشى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ چىن ئىمپېراتورىنى باج - سېلىق تۆلەپ قۇتلۇق دۆلىتىگە تەۋە بولۇشقا مەجبۇر قىلغاندى. ملادى 700 - يىلى قاپاغان قاغان ئېلتەرىش قاغاننىڭ ئوغلى (كۆلتېگىن) نى پەرغانە ۋە سوغدىيانا ۋە تاخارىستان (قەتەغەن ۋە بەدخشان) دىكى تۈرك خانلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرىگە ئەۋەتتى. كۆلتېگىن بۇ جايلارنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا ئېلىپ ئومۇمىي ۋالى سۈپىتى بىلەن غەربىي تۈركىستاندا يەرلىشىپ، ئەرەب - ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن مۇداپىئە قىلىشقا ھازىرلاندى.

## تۈرك قۇتلۇق دۆلىتى بىلەن ئىسلام ئەمرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر

بۇ پەسلىمىزدە ئەرەب ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ تۈرك يۇرتلىرىدىكى غەلىبەلىرى ۋە بۇ ئارىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ قىسقىچە تارىخچىسىنى بايان قىلىمىز:

دەسلەپتە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىدا ئىران شاھىنى(نىھاۋەند) ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، خۇراسان ئەتراپىدىكى تۈركلەر ئۈستىدە ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى باشلىدى[2]. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، كۆپچىلىك ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان خوراسان ئەرەب ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا

ئۆتتى. ھىجرى 32 ـ (مىلادى653 ـ) يىلى، خۇراسان ۋالىسى ئەھنەف بىن قەيس باشچىلىقىدىكى ئەرەب ئىسلام قوشۇنى، شەرققە قاراپ يۈرۈش باشلىدى. ۋە بەلخ شەھرىنى پەتھى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تۆۋەن تاخارىستان (قەتەغەن) ۋە يۇقىرى تاخارىستان (بەدەخشان) دىكى تۈرك خانلىقلىرى ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جايدىكى تۈركلەر قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇب بولدى. «جىزيە» (باج) بەرمەك شەرتى بىلەن بويسۇنۇپ ئىچكى ئىستىقلالىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن سۈلھ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئەھنەف ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. كېيىن يەنە ئەھنەف خارەزمدىكى تۈرك خانلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئوسمان زامانىسىدا، ئىسلام ئەرەب ئەسكەرلىرى ئۆگۈز (ئامۇ) دەريا بويىغا كېلىپ توختىغان. ھىجرىنىڭ 80 (مىلاى699) ـ يىلىغىچە ئەرەب ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ئۇرۇش يۈز بەرمىدى. تاخارىستان خانلىرى مۇستەقىل بولۇپ ياشىدى. تۆۋەندە ئابدۇلمەلىك زامانىسىدىن باشلاپ تۈرك يۇرتلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان غازاتلارنى ۋە مەشھۇر ئەرەب قوماندانلىرىنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىمىز.

## مۇھەللەب بىن ئەبى سۇفرە ۋە قۇتەيبە بىن مۇسلىم

ئابدۇلمەلىكنىڭ ئىراقتىكى ۋالىسى مەشھۇر «ھۇججاج زالىم» ئەينى زاماندا خۇراسان نىڭمۇ ۋالىي ئىدى. ھۇججاجنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەللەب بىن ئەبى سۇفرە ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتاغلىق قوماندانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھۇججاج ئۇنى خۇراسانغا ۋالىي تەيىنلەپ تاخارىستان ۋە سوغدىيانا دىكى تۈرك خانلىرى ئۈستىگە غازات يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. مۇھەللەب ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھىجرىنىڭ 80 ـ (مىلادى 699 ـ) يىلى بەلخكە كېلىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە دەريا

بويىدىكى «كەش» قەلئەسىنى پەتھى قىلدى. ئارقىسىدىن سوغدىيانا ئۆلكىسىدىكى بۇخارا خانى ۋە خەتلان (قاراتېكىن) خانى بىلەن 2 يىل ئۇرۇشۇپ بىر نەتىجەئالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى تۈركلەر ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئەرەبلەرنى تازا قىستاققا ئالدى. خەتەرلىك بىرئەھۋالغا قالغان مۇھەللەب پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ مەرۋىگە قايتىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات قىلدى. ئورنىغا ئوغلى يەزىدىبىن مۇھەللەب ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇپەسسەل بىن مۇھەللەب خوراسان ۋالىسى بولدى. بۇلار مۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار قىلغان بولسىمۇ ھېچ قانداق فۇتۇھات (پەتھلار) قولغا كەلتۈرەلمىدى.

ھىجرىنىڭ 86 - يىلى ھۇججاج خۇراسانغا قۇتەيبەبىن مۇسلىم ئىسىملىك بىر قوماندانىنى ۋالى قىلدى. قۇتەيبە خۇراساننىڭ مەركىزى مەرۋىگە كېلىپلا تاخارىستانغا يۈرۈش قىلدى. تۆۋەن تاخارىستاندىكى بىرخانلىقنىڭ پايتەختى بولغان «تالقان» شەھىرىنى ئالدى. ئۇچاغدا، تاخارىستاندا بىر- بىرىگە دۈشمەن بولغان 4 خانلىق بارئىدى. قۇتەيبە بۇلارنىڭ ئىچكى ئاداۋىتىدىن پايدىلىنىپ بۇلار دىن ساغىنيان (ھازىرقى شىغنان) خانىنى ئۇرۇشمايلا بويسۇندۇردى. قالغان 3 خاننى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇب قىلىپ جىزيە بەرمەك شەرتى بىلەن ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرقىلدى. قۇتەيبە تاخارىستاندا يېتەرلىك ساندا ئەسكەر قويۇپ ئۆزى مەرۋىگە قايتتى.

ھىجرىنىڭ 87 -(مىلادى -) يىلى قۇتەيبە بەلخ شەھىرىگە كەلدى ۋە ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتۈپ «بايكەند» شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. تۈركلەر ناھايىتى قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلدى. ھەتتا قۇتەيبە باشلىق پۈتۈن ئىسلام ئەسكەرلىرىنى 2 ئاي مۇھاسىرىگە ئالدى. ھۇججاج بىلەن قۇتەيبە ئارىسىدىكى ئالاقەمۇ ئۈزۈلدى. شۇنداق بىر پەيتتە بىر كېچە ئەربلەر مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ تۈركلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. خەۋەرسىز ھالدا غاپىل ياتقان تۈركلەر بۇ زەربىدىن مەغلۇب

بولۇپ شەھەرگە كىرىۋالماق ئۈچۈن ئارقىغا ياندى. لېكىن، بىر بۆلۈك ئىسلام ئەسكەرلىرى، تۈركلەر بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى يولنى توسىۋالغانلىقتىن، شەھەرگە كىرەلمەي پاراكەندە بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپ چېچىلىپ كەتتى. ئازراق بىر قىسمى شەھەرگە كىرىۋالالىغان بولسىمۇ مۇسۇلمانلار سېپىلنىڭ بەزى يەرلىرىنى يىقىتى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر مەغلۇب بولۇشلىرىنى بىلىپ، قۇتەيبە بىلەن سۈلھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇتەيبە تەسلىم بولۇش شەرتى بىلەن تۈركلەرنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىككە ماقۇل بولۇپ سۈلھ قىلدى. ۋە مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى بايكەنتكە ۋالى تەيىنلەپ ئۆزى مەرۋىگە قايتتى. قۇتەيبە كەتكەندىن كېيىن، شەھەردە ئىسيان چىقتى. ھاكىم ئۆلتۈرۈلدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇتەيبە كېلىپ، ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى ۋە جاۋابكارلارنى سۈرۈشتۈرمەستىن، بايكەنت خەلقىنى قەتلىئام قىلدى. خەلقنىڭ پۈتۈن نەرسە كېرەكلىرىنى ئۇلجىغا ئېلىپ شەھەرگە ئوت قويۇپ تامامەن ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سوغدىيان خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاۋات، باي ۋە چىرايلىق بىر شەھىرى بولغان بايكەنت يوق بولدى.

قۇتلۇق كۆكتۈرك قاغانى قاپاغان قاغان، غەربىدىكى تۈرك يۇرتلىرىغا ئومۇمىي ۋالى قىلىپ ئەۋەتكەن كۆلتېگىن، بۇچاغقىچە مۇھەللەب ۋە قۇتەيبەدىن مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشلىرىغا بىۋاستە ئارىلاشماي، تاخارىستان ۋە سوغدخانلىرى ئۆزلىرى مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى. بايكەنتتىكى دەھشەتلىك قەتلىئام ۋە شەھەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن كېيىن، كۆلتېگىن ئەرەبلەرگە قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. پەرغانە ۋە سوغدىكى پۈتۈن تۈرك كۆچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇتەيبە ئىشغال قىلغان پۈتۈن جايلارنى قايتۇرۇۋالدى ۋە ئامۇ دەرياسى بويىدىكى«تەرمىز» دېگەن جاينى مەركەز قىلىپ يەرلەشتى. ھىجرىنىڭ 88 ـ (مىلادى707 ـ) يىلى قۇتەيبە پۈتۈن

كۆچنى يىغىپ سوغدغا ھۇجۇم قىلدى. كۆلتېگىن بىلەن تەرمىز يېقىنلىرىدا قاتتىق تۇتۇشتى. نەتىجىدە مەغلۇب بولغان قۇتەيبە بەلختىمۇ تۇرالماي قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ مەرۋىگە كەتتى. ھىجرىنىڭ 89 ـ يىلى يەنە بىرقېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇب بولدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، قۇتەيبە ماۋەرائۇننەھردىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە ھۇججاجغا تۈركلەرنىڭ قەھرىمانلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە ئۇزۇن خەت يازدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ بىر خەرىتىسىنى يوللاپ: «ئەگەر بىز يانىلا، تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشماقنى داۋام قىلىدىغان بولساق ئەرەب ئەسكەرلىرى تامامەن يوق بولىدۇ» دەپ يازدى. بۇنى كۆرگەن ھۇججاج قۇتەيبىگە مالامەت قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى غەيرەتلەندۈرۈپ خەت يازدى ۋە نۇرغۇن ئەسكىرى كۈچ ياردەمگە ئەۋەتتى. ئىراندىكى يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنى جىھادقا دەۋەت قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ قۇۋۋەت بىلەن قۇتەيبە ھىجرىنىڭ 90 (مىلادى 709) ـ يىلى بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. كۆلتېگىن بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ۋە پەرغانە بىلەن سوغدىيان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. قۇتەيبە بۇرۇن كېلىپ بۇخارانى مۇھاسىرىگە ئالغان ئىكەن. كۆلتېگىن كېلىپ مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. دەھشەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇرۇش ئاخشامغىچە داۋام قىلدى. تۈركلەر مۇسۇلمانلارنى بۇخارادىن خېلى ئۇزاقلاشتۇردى. مۇسۇلمانلار بىر ئېقىندىن ئۆتۈپ توختىدى. كۆلتېگىنمۇ ئىگىز بىر يەرگە چۈشتى. كېچىسى قۇتەيبە، مۇسۇلمانلارنى تۈركلەر ئۈستىگە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىشقا بۇيرۇغا بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوماندانى (ۋەكىئى) بىرقىسىم

ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئېقىندىن ئۆتۈپ تۈركلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. غاپىل ھالدا ئوخلاۋاتقان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن ئەقىللىرىنى يوقاتقان تۈرك ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يالغۇز قالغان كۆلتېگىن جىددى تۇرۇپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ ئاخىرىدا يارىلاندى ۋە پەرغانىغا قاچتى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قۇتەيبەنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالغان بۇخارا، سەمەرقەنت، سوغدىيانا ۋە خەتلان خانلىرى جىزىيە تۆلەش، ئۆز ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىل بولۇش شەرتى بىلەن سۈلھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قۇتەيبە بۇنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ بىر غالىبىيەت دەپ بىلىپ دەرھال ماقۇل بولدى. بۇ جايلاردىن جىزىيە يىغىش ۋە خانلارغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن، بۇخارا دا بىر ۋالى ۋە يېتەرلىك ئەسكەرى كۈچ قالدۇرۇپ قۇتەيبە مەرۋىگە قايتتى.

بۇ ئارىدا شەرقتە، توققۇز ئۇيغۇر ۋە قىتان (خىتاي) ئىسيانلىرى يۈز بەردى. چىندىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاپاغان قاغان، كۆلتېگىننى پايتەخت قاراقورۇمغا قايتۇرۇپ كەتتى.

ھىجرىنىڭ 93 ـ (ملادى 712ـ) يىلى قۇتەيبە خارەزمگە ھۇجۇم قىلدى. پۈتۈن خارەزم خانلىرى بىرلىشىپ قارشى تۇرغان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇب بولدى. جىزيە بېرىپ بويسۇنۇشقا مەجبۇربولدى. قۇتەيبە بۇندىن ئىلگىرىكى بىر ئۇرۇشتا ئىنىسى ئابدۇراھماننى ئەسىرئالغان تۈرك ئەسكىرى قىسمىنىڭ 4000 ئەسكىرىنى زالىملارچە قەتلىئام قىلىپ قىرىپ تاشلىدى.

سەمەرقەنت خانى قۇتەيبە دىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتەردى ۋە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئامما ملادى 712 ـ713 ـ يىللىرى قۇتەيبە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ قايتا بېسۋالدى. شەھىر ئىچىدە چوڭ بىر جامە مەسجىد بىنا قىلدى. ئىسلام تارىخىغا كۆرە، قۇتەيبە نىڭ بۇ

قېتىمقى غەلىبە قازىنىشىدا، بۇخارا ۋە خارەزىمدىكى مۇسۇلمان بولغان تۈركلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىرىنى سەمەرقەنتكە ۋالى قىلىپ قويۇپ قۇتەيبە ئۆزى مەرۋىگە قايتتى

ھىجرىنىڭ 83 - ( مىلادى713 - ) يىلى قۇتەيبە يەنە نۇرغۇن كۈچ بىلەن كېلىپ پەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. خوجەنت خانىنى مەغلۇب قىلىپ، تېخىمۇ شەرققە قاراپ مېڭىپ، «كاسان» شەھىرىنى پەتھى قىلدى. تاشكەنت خانى ئۇرۇشماستىن تەسلىم بولدى.

مانا، يۇقىرىقىلار داڭلىق ئىسلام ئەرەب قوماندانى «قۇتەيبە بىن مۇسلىم» نىڭ تۈرك يۇرتلىرىدا ئېلىپ بارغان شانلىق پەتھىلىرى. قۇتەيبە بۇ ئاخىرقى غەلىبىسىدىن باشقا بىر غەلىبە قازىنالمىدى. ھىجرى 96 - يىلىدا، بىر رىۋايەتتە 97 -(مىلادى 715-) يىلىدا ئۆز ئەسكەرلىرى تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

**بىر تارىخى ھەقىقەت**

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى؛ ئىسلام تارىخلىرىنىڭ بەزىلىرىدا«قۇتەيبە ھىجرىنىڭ 96 - يىلى قەشقەرنى پەتھى قىلغان. ئۇچاغدا بۇ يۇرتلار چىن ئىمپىراتورلۇقىغا تەۋە ئىدى ۋە قۇتەيبە چىن ئىمپىراتورى بىلەن سۈلھ قىلدى ......» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئۇزۇن - ئۇزۇن رىۋايەتلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، ھېچ يۈزبەرمىگەن ۋە ئويدۇرما رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. ھەقىقەت شۇكى، ئۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستان «قۇتلۇق تۈرك» قاغانى قاپاغان قاغان ھۆكۈمرانلىقىدا بىر مۇستەقىل خانلىق بولۇپ چىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتى. قۇتەيبەنىڭ قەشقەرنى ئېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەممىسىنى پەتھى قىلالمىغانلىقى تارىخىي تەتقىقاتلار بىلەن ئىسپاتلانغان بىر مەسىلە. قۇتەيبەنىڭ مەرۋ شەھرىدە ھىجرىنىڭ 96 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە كۆچلۈك دەلىللەر بار. ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ يۇرتىمىزغا بالدۇرراق كېلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى بۇرۇنراق

ئىسلام دىنى بىلەن شەرەپلەندۈرگەنلىكى راست بولسا ئىدى، بۇ بىز ئۈچۈن بىر پەخىر دەسمايىسى بولغان بولاتتى. لېكىن، تارىختا يۈز بەرمىگەن مۇنداق يالغان رىۋايەتلەرگە ئالدىنىپ، ئاساسىز بۇ پەخرنى قوبۇل قىلىش ئەيىپ بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھادىسىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

### يەنە بىر تارىخىي ھەقىقەت

ئىسلام تارىخلىرىنىڭ كۆپچىلىگىدە، قۇتەيبە بىن مۇسلىمنى «ئىسلامنىڭ بۈيۈك فاتىھى» ۋە «ئىسلامغا چوڭ خىزمەت قىلغان ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ خادىمى» دەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ ھەققانىيەت تەرەپدارلىرى ۋە بىتەرەپ تارىخچىلار بولسا، قۇتەيبە بىن مۇسلىمنىڭ ئىسلام فاتىھلىرى (ئىسلام ئۈچۈن جىھاد قىلىپ غەلىبە قىلغان قوماندانلىرى) ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقى توغرا. چۈنكى، ئەھنەف بىن قەيس ۋە مۇھەللەب بىن ئەبۇسۇفرە قاتارلىق ئىسلامنىڭ ئاتاغلىق قوماندانلىرى قولغا كەلتۈرەلمىگەن غەلبەلەرنى قۇتەيبە قولغا كەلتۈردى. تاخارىستان ۋە ماۋەرائۇننەھر دىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋار تۈرك خانلىرىنى مەغلۇب قىلىپ بۇيەرلەردە ئىسلامنىڭ بايرىقىنى تىكلىدى. ئامما، بۇ نىڭ بىلەن قۇتەيبەنى، مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ بىر كىشى دېمەك جايىز ئەمەس. چۈنكى، قۇتەيبە ئىسلام دۇنياسىدا مىسلىسىز زالىملىقى بىلەن داڭقى چىققان مەشھۇر «ھۇججاج زالىم» نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى. زالىملىقتا، ناھەق قان تۆكۈشتە ھۇججاجدىن ھېچ كام قالمىغان. تۈرك يۇرتلىرىدا تەسلىم بولغان تۈركلەرنى، باشقىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ۋە ئىبرەت بولسۇن دەپ، دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قەتلئام قىلىپ بىگۇناھ كىشىلەرنى بىرىنىمۇ ساق قويماي ئۆلتۈرگەن. شەھەرلەرنى بولاپ ـ تالاپ ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خەلقنى ئىسلامدىن نەپرەتلىنىشكە سەۋەپ بولىدىغان ۋەھشىلەرچە قىلمىشلىرى ئىنتايىن كۆپ

ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا نىڭ ئەڭ باي ۋە تەرەققى قىلغان شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان بايكەنت شەھىرىنى ئەرزىمەس بىر باھانە بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتى. تاخارىستاننى پەتھى قىلغاندا، تالقان شەھىرىنىڭ پۈتۈن ئاھالىسىنى قەتلىئام قىلدى. ياراغلىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولغان مىڭلارچە ئىنساننى شەھەر ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېسىپ قويۇپ ئۆلتۈردى. قۇتەيبە نىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش زۇلۇم ۋە قەتلىئام قىلغانلىقىنىڭ كۆپلىگەن مىساللىرى تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئىنسانىيەت قانۇنلىرىدا مەنئى قىلىنغان تەسلىم بولغانلارنى ئۆلتۈرۈش، خەلقنى ئەسىرگە ئېلىش، شەھەرنى بۇلاپ تالاش، ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىشتەك قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن تۈركلەردە ئىسلامغا قارشى بىر نەپرەت ھىسسىياتى تۇغۇلدى. بۇ زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك ئىچىدە، مۇسۇلمانلاردىن نەپرەت قىلىپ ھەردايىم ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان تۈركلەر قۇتەيبەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان، (ھىجرىنىڭ 96 ـ مىلادىنىڭ 714 ـ يىلى) ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. پەقەت سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شەھىرلىرىدە ئەرەب ئەسكەرلىرى كۆپ بولغانلىقىدىن ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىگى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى شەھىرگىنە ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدە قالدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى باشقا ماجىرالارنى نۇۋەتتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

(داۋامى بار)

# دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ۋەكىللىرى
# كاستامونۇ شەھىرىدە بىر يەرگە جەم بولدى

23 ـ ئاۋغۇستتىن 25 ـ ئاۋغۇستقا قەدەر تۈركىيەنىڭ كاستامونۇ ۋىلايىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋە تۇران كۇلتۇر ۋەقپى، خوجا ئەخمەت يەسەۋى ۋەقپى ۋە ئاۋرۇ ـ ئاسىيا بىر ۋەقپى تەشكىللىگەن تۈرك دۆلەتلىرى ۋە توپلۇلۇقلىرى ۋەكىللىرىنىڭ تارىخى ئۇچرۇشۇشى « تۈرك دۇنياسى كۈنلىرى » كاستامونۇدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. تۈرك دۇنياسى چادىرى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەيۋەتلىك نامايىشتا كاستامونۇ شەھەر باشلىقى سۇلايمان يۈجەل: « تىل ۋە پىكىر بىرلىگىمىز ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمدى ئىش بىرلىگىمىزنى كۈچەيتىشنىڭ زامانى كەلدى » ـ دىدى . ئېچىلىش مۇراسىمىدا كاستامونۇ ۋالىسى ئايدىن ئارسلان، ئازاربايجان ئىستانبۇل باش كونسولى ئاباس ئابدۇللاھ، قىرغىزىستان باش ئەلچىلىگى كونسولى باتىر سىرگابەي، تۈركمەنىستان باش ئەلچىلىگى بىرىنجى كاتىۋى مۇھەممەت، ئۆزبەكىستاننىڭ سابىق مىللەت ۋەكىلى جىھانگىر مۇھەممەت، شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىگە ۋاكالىتەن ھامىت كۆكتۈرك ، شەرقى تۈركىستان ياۋرۇپا بىرلىگى باشلىقى ئەركىن ئالپتېكىن قاتارلىقلار سۆز قىلدى ۋە خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزىۋاتقان ئېغىر زۇلۇملىرى ئەيىپلەندى. پائالىيەت داۋامىدا شەرقى تۈركىستان ۋەقپى مۇدىرى ھامىت كۆكتۈرك كاستامونۇ شەھەر باشلىقى سۇلايمان يۈجەل بىلەن تۈركىيە گىزىتى مۇخبىرى، تەتقىقاتچى كامال چاپرازلارغا شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى نامىدىن شەرەپ مېدالى تەقدىم قىلدى. شەرقى تۈركىستان سەنئەتچىلىرى ئويۇن كۆرسەتتى.

# تىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك
# تۈرك دۇنياسىنىڭ ۋەكىللىرى ئىزمىردا ئۇچراشتى

تۈرك دۇنياسى ئىزمىر 1 - قېتىملىق ئىقتىسات كونگرېسى ۋە تۈرك خەلقلىرى ئانسامبىلى 4 - قۇرۇلتىيى 26 - ئاۋغۇستتىن 28 - ئاۋغۇستقىچە ئىزمىردا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ئالتاي تاغلىرىدىن ئىراكياغىچە، چېچەنىستاندىن ئامېرىكىغىچە بولغان پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ نەۋرىلىرى بۇ كونگرە ۋە قۇرۇلتايدا بىر يەرگە توپلىشىپ ئۇچراشتى، كۆرۈشتى، مۇڭداشتى، دەرتلەشتى، سۆيۈشتى.

7 مۇستەقىل تۈرك دۆلىتى ۋە 29 بايراقلىق تۈرك خەلقلىرى ۋەكىللىرى ئىزمىر بۈيۈك شەھەر باشلىقى بۇرھان ئۆزفاتورا ۋە پىروفېسسور دوكتور تۇران يازغاننىڭ مېھمىنى بولدى. ۋەكىللەر ئۆز سۆزلىرىدە تۈرك دۇنياسى ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنىلا ئەمەس، كۈچىنى، مەنبەسىنى ھەتتا بىر - بىرىگە قىلغان خىيانەتلىرىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتتى.

ۋەكىللەر قۇرۇلتاينىڭ تۈركچىلىك، دېموكراتىيە ۋە كوممۇنىزىمغا قارشى ئۈچ ئاساسى پىرىنسىپىنى تەكىتلەپ، تۈركچىلىكنىڭ خىتاي، روس، ئەرەپ، فارس ئىرقچىلىقىنىڭ بىسىمى ۋە زۇلمىدىكى تۈركلەرنى قۇتۇلدۇرۇش مەناسىدا ئىكەنلىكىنى، بۈگۈن، 4 - 5 يۈز يىل تۈرك ھاكىمىيىتىدە قالغان ئەرەپ ئالىمىدە ھېچبىر تۈرك تۈركچە سۆزلىشەلمەيدىغانلىقىنى، فارسلارنىڭ 20 - 30 مىليون تۈرككە زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى، خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاننى ۋە 32 مىليون تۈركنى ئەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى، روسىيەدىمۇ ئون مىڭلارچە تۈركنىڭ ئاسارەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «بۈگۈن خىتايدا، ئىراندا، روسىيەدە ۋە ئەرەپ مەملىكەتلىرىدە ئاسارەتتە ياشاۋاتقان تۈركلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دېموكراتىيەگە تايانماقتا. بۈگۈن كوممۇنىزىمغا قارشى بولغان تۈرك خەلقلىرى ئەركىن بازار

ئىقتىسادى ۋە ئۆز بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى ئىشلىتىش ، ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

كونگرەدە باشقا تۈرك دۆلەتلىرى قاتارىدا بايرىقىنى لەپىلدەتكەن ۋە گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن يېتەكچىلىكىدىكى رەسمى تەكلىپ قىلىنغان شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالاھىدە قارشى ئېلىندى.

كونگرەگە ئازاربايجان ئىقتىسادى مىنىستىرلىگى مۇئاۋىنى، باشقۇردىستان باش مىنىستىر مۇئاۋىنى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، چۇۋاشىستان جۇمھۇرباشقانىنىڭ ئىقتىسادى مەسلىھەتچىسى، گاگائۇزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇمھۇر باشقان مۇئاۋىنى، قىبرىس جۇمھۇرباشقان ئىقتىسادى مەسلىھەتچىسى، قىرغىزىستان جۇمھۇرباشقان مۇئاۋىنى، قىرىم جۇمھۇرباشقانى ، ماكىدونىيە تاشقى ئىشلار ، مالىيە مىنىستىر ياردەمچىلىرى، ئۆزبەكىستان تاشقى ئىقتىسادى مىنىستىر مۇئاۋىنى، تىجارەت مىنىستىرى، روسىيە فىدراتسىيونى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى باشلىقى، تاتارىستان تاشقى ئىقتىسادى مىنىستىر مۇئاۋىنى، تۇۋا جۇمھۇرىيىتى مائارىپ مىنىستىرى، تۈركمەنىستان بانكا مىنىستىرى، بوسنا ـ ھەرسەك جۇمھۇرىيىتى دۆلەت باش مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ئەزىز مېھمانلار ۋە تۈركىيە باش مىنىستىرى مەسئۇت يىلماز ، دۆلەت مىنىستىرى ئاخەت ئەندىجان، توغرا يول پارتىيىسى باشلىقى تانسۇ چىللەر خانىم، مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى باشلىقى دۆلەت باغچەلى قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە نۇرغۇن مىنىستىرلار، مىللەت ۋەكىللىرى قاتناشتى.

كونگرىدە شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى كوردىناتورى ۋە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن سۆزگە چىقىپ، خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى نوپۇس سىياسىتىنى پاش قىلدى. مىللى مەركەز باش كاتىۋى ئىسمايىل چىنگىز يەر ئاستى بايلىقلارۋە تەبئى مەنبەلەر كومىسيوندا سۆزگە چىقىپ خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىقتىسادى تالان سىياسىتىنى پاش قىلدى.

كونگرەنىڭ ئاخىرىدا بىردەك ماقۇللانغان كومىسسىيون قارارلىرىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىقتىسادى تالان سىياستى ۋە نوپۇق ئىرقچىلىق سىياستى قاتتىق ئەيىپلەندى.

## شەرقى تۈركىستان توغرىسىدا
## قازاقىستان ئاممىۋى « ئازاتلىق » ھەرىكىتىنىڭ باياناتى

( كونگرەدە ئالقىشغا ئېرىشكەن تەشەببۇس )

كېيىنكى 2 ـ 3 ئەسىردە روسىيە ۋە خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرىنىڭ مۇستەملىكە سىياستى نەتىجىسىدە تۈركىستان خەلقى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. مۇستەملىكىچىلەر تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللى ئازاتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇجادىلىلىرىنى يۈزلەرچە يىل بويىچە قان تۆكۈپ، زىمىنلىرىنى ئىگەللەپ، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ باستۇرۇپ كەلدى. سۇنئى شەكىلدە ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك پەيدا قىلىپ كوللىكتىپ ئۆلۈملەرگە ، قىرغىنچىلىققا يول ئاچتى. زىمىنلىرىنى توپ ۋە قۇراللىرى ئۈچۈن مەشىق مەيدانىغا ئايلاندۇرىۋالدى.

ئۆتكەن يىلدىن بېرى، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندىكى سىياسى بىسىم ، زۇلۇملىرىنى پۈتۈنلەي كۈچەيتتى. مۇنداق ئاشكارا زورلۇقلارنىڭ ئەمىلىلىشىشىدە قازاقىستان پىرىزدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ قازاق خەلقىدىن مەخپى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مەنپەئەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇشنىڭ تەسىرى يوق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1996 ـ يىلى ئەتىيازدا شەرقى تۈركىستاندا يۈز گۈزلىگەن جازالاشلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالمائاتادىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا بۈيۈك بىر كوللىكتىپ ئەرپىدىن

ئېلىپ بېرىلغان « ئازاتلىق » ھەرىكىتىنىڭ بىر مۇنچە قاتناشچىلىرىنى تۇتۇقلاپلا قالماستىن يەنە 1997 - يىلى 28 - ئاپرېل كۈنى يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنى قولغا ئالدى.

بىز قازاقىستان « ئازاتلىق » ھەرىكىتىنىڭ ئاممىۋى قاتناشچىلىرى ، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولغان قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق، ئۇيغۇر ، قىرغىز خەلقلىرىگە يەنى پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا قىلىنغان بىر خىيانەت، بىر تۇزاق دەپ ھېساپلايمىز. نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ ، مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان قازاقىستان دۆلىتىنىڭ يۈزىگە سۈرتۈلگەن بىر قارا دەپ چۈشىنىمىز.

بىز - قازاق خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتلىرى ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مۇجادىلە قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ۋەتەنداشلىرى ۋە ئۇلارغا قارشى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قىرغىنچىلىقلارنىڭ توختۇتۇلۇشىنى تەلەپ قىلغان قازاقىستانلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پائالىيەتلىرىنى تامامەن قوللايمىز.

پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنى ، تۈرك خەلقلىرىگە قارشى بۇزغۇنچىلىق سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرغان ھەرقانداق يامان نىيەتلىك كۈچكە قارشى بىرلىشىپ، بۇ كۈچنى يوق قىلىش ، يىلتىزىنى قۇرۇتۇش ئىتتىپاقىغا چاقىرىمىز.

بۈگۈن 1997 - يىلى 25 - ماي قازاقىستان « ئازاتلىق » ھەرىكىتى 4 - قۇرۇلتىيى قاتناشچىلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىدەك قارار ئالدى :

1. تۈرك ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدىن تەلەپ قىلىدىغىنىمىز، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقىنى توختۇتۇشنى كەسكىن تەلەپ قىلىش، ئەكسىچە خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى تامامەن ئۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش.

2. تۈركىستان يۇرتسۆيەرلىرىدىن، خىتاي ئىشلەپچىقارغان ھەر قانداق مالنى سېتىۋالماسلىقنى تەلەپ قىلىمىز.

3. ختاي هۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن «ئازاتلىق» ھەرىكىتى قاتناشچىلىرىنى ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنى تەقىپ قىلىپ، سوراق قىلغان قازاقىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ك. سۇلايمانوۋ ۋە بۇ سىياسى ھەرىكەتلەرنى ئاشكارا ھەم بىۋاستە ئىلىپ بارغان، ھەردائىم سوتسىئال جەمىيەتلەرنى زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىلاپ كەلگەن پود پولكوۋنىك ئى. بەكتاسوۋنى ۋەزىپىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز.

4. قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللى قىرغىنچىلىقى سەۋىبىدىن شەرقى تۈركىستاندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋەتەنداشلارغا سىياسى پاناللىق بېرىلىشنى تەلەپ قىلىمىز.

قازاقىستان ئاممىۋى «ئازاتلىق» ھەرىكىتى 4 - قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان بۇ بايانات، تۈرك ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ پىرىزدېنتلىرىغا، خەلق ۋەكىللىرىگە بىر نۇسقىدىن ئەۋەتىلسۇن.

1997 - يىل 25 - ماي

قازاقىستان «ئازاتلىق» ھەرىكىتى باشلىقى:

ھاسان خوجا - ئاخمەت

## ئىستانبۇلدا تۈركولوگىيە كونگرەسى

9 ـ قېتىملىق تۈركولوگىيە مىللىي كونگرېسى 15 ـ سېنتەبىردىن 19 ـ سېنتەبىرگە قەدەر ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتوتى تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئىنىستىتوت مۇدىرى ـ پىروفېسسوردوكتور ئوسمان فىكرى سەرتكايا رىياسەتچىلىگىدە باشلانغان ئېچىلىش يىغىنىدا تۈركىيە دۆلەت مىنىستىرى ئاخەت ئەندىجان تۈركولوگىيە تەتقىقات خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە بۈگۈنكى تۈركىستان دۆلەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىدى.

كونگرەسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە تەبرىك پائالىيەتلىرىگە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى نامىدىن ھامىد كۆكتۈرك ۋە ئابدۇلھەكىم ئىلتەبىرلەر قاتناشتى. كونگرېدە ئۇيغۇرلاردىن ئىراكىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسور دوكتورى سۇلتان ماھمۇت قەشقەرى ۋە ئېگە ئۇنىۋېرسىتېتى ياردەمچى دوچېنتى ئالىمجان ئىنايەتلەر ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى.

## 7 ـ قېتىملىق تۈرك دۇنياسى ياشلار قۇرۇلتىيى قىبرىستا ئېچىلدى

1997 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىردىن 28 ـ سېنتەبىرگە قەدەر 33 دۆلەتتىن كەلگەن 160 تىن ئارتۇق ھەيئەتنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن 7 ـ قېتىملىق تۈرك دۇنياسى ياشلار قۇرۇلتىيى قىبرىسنىڭ پايتەختى لېپكوشىيادا ئۆتكۈزۈلدى.

قۇرۇلتايغا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن تۈركىيەدىكى ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ياشلار ۋەكىللىرىدىن 10 نەچچە كىشى قاتناشتى ۋە مۇھىم قارارلارنى ئالدى.

## شەرقى تۈركىستان رىئاللىقى
# بۇرسادا داغدۇغۇلۇق يىغىن ئېچىلدى

1997 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈلكۈ ئوچاغى ژورنىلى بۇرسا ۋىلايەتلىك ۋاكالەتچى شۆبىسى تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستانىنىڭ رىئاللىقى » تېمىسىدىكى دوكلات يىغىنى بۇرسا ۋىلايەتلىك ماتارىپ ماتېرىياللىرى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى بۇرسا شۆبىسىنىڭ باشلىقى، شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ كوردىناتورى باشچىلىقىدىكى 300 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىندا گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن، پىروفىسسور دوكتور مەھمەت ساراي ۋە گېزىتچى يازار ئىسمايىل چىنگىزلار شەرقى تۈركىستان ھەققىدە دوكلات بەردى.

## خىتاي - تۈركىستان خاتىرىلىرى
## شاگىخەي خاتىرىلىرى

1914 - يىلى تۈركىيەدىن قەشقەرگە مۇئەللىملىككە ئەۋەتىلىپ 1920 - يىلى خىتايلار تەرىپىدىن شاگىخەي ئارقىلىق قايتۇرىۋېتىلگەن ئەخمەت كامال ئىلقۇل تەرىپىدىن يېزىلغان « خىتاي - تۈركىستان خاتىرىلىرى » ناملىق 446 بەتلىك ئەسلىمە كىتاپ دوكتور يۈسۈف گەدەكلى تەرىپىدىن رەتلىنىپ قايتا نەشر قىلىندى.

## شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى تارىخى

ئىستانبۇل ئۈنىۋېرسىتىتى ئەدەبىيات فاكولتىتى تارىخ بۆلۈمى پىروفىسسور دوكتورى مەھمەت ساراي ئۆزاق تەييارلىقلاردىن كيىن « شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى تارىخى » ناملىق 327 بەتلىك كىتاۋنى نەشر قىلدى.



**1997 yılıAğustos ayı sonunda elimize ulaşan vahşetin fotoğrafları!..** Doğu Türkistan'ın Gulca şehrinde Şubat ayı sonunda gözaltına alınan gençler hapishane avlusunda çırılçıplak soyularak karlar üzerinde saatlerce bekletilmiş, bu da yetmiyormuş gibi üzerlerine tazyikli su sıkılarak işkence edilmişti. Bu haberi kamuoyu abartılı bulmuş, inanmak istememişti. Bu şekilde işkenceye uğrayan 50 gencin ayakları donmuştu. Şimdi bu gençlerin kangren olmuş ayakları gayri sıhhi ortamlarda kesilmiş durumda. **İnsanlık daha ne kadar Çin zulmüne seyirci kalacak acaba?...**

# DOĞU TÜRKİSTAN'IN SESİ

صوت تركستان الشرقية

Voice of Eastern Turkistan





DOĞU TÜRKİSTAN VAKFI YAYINI
3 AYLIK İLMÎ VE KÜLTÜREL
DERGİ

YIL : 13 SAYI : [redacted]
53